السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇلۇمىغا قۇرۇق ئۈزۈم سېلىپ قويىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى شۇ كۈنى، ئەتىسى ۋە ئۆگۈنى ئىچەتتى، ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئىچىپ، (باشقىلارغا) ئىچۈرۈپ، ئېشىپ قالغىنىنى تۆكۈۋېتەتتى

ئىبنى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تۇلۇمىغا قۇرۇق ئۈزۈم سېلىپ قويىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى شۇ كۈنى، ئەتىسى ۋە ئۆگۈنى ئىچەتتى، ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئىچىپ، (باشقىلارغا) ئىچۈرۈپ، ئېشىپ قالغىنىنى تۆكۈۋېتەتتى»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇلۇمدىكى سۇغا، تەمى تاتلىق بولىشى ئۈچۈن قۇرۇق ئۈزۈم ياكى خورما سېلىپ چۆلە قىلىپ قويىلىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىچىدىغانلىقىنى، ئۈچىنچى كۈنى كەچتە چۆلىنىڭ تەمى ئۆزگەرمىسە، تۈگىشى ئۈچۈن ئۆزى ئىچىپ ۋە باشقا خىزمەتچىلەرگىمۇ ئىچۈرۈپ، تۈتىنچى كۈنگە ئېشىپ قالمايدىغانلىقىنى، تۈتىنچى كۈنگە ئېشىپ قالسا، چۆلىدىن ئۆزگۈرۈپ، مەس قىلغۇچى ئىچىملىككە ئايلىنىپ قىلىش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېشىپ قالغىنىنى تۆكۈپ، قالدۇرماي يوقۇتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58261

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee